# حج كۆنلەرىدا كۆرۈشۈش .

=================

سعودى راديو، تېلېۋىزىيىلەرى حج آيلىرى كىرىش بىلەن پروگراممىلىرىنى باشلاش - تۆگەتىش دە ، حج شعارى بولغان تلبيەا وقۇپ تۇرماق - قاعدەسى بار. " تلبيە،، دېگەنىمىز، لبيك اللهم لبيك دېپ تكرار لاش - بىلەن طلب ، حمد، تكبير تلقىنىنى ايتىپ تۆگەيدى .

تلبيە نىڭ معنىسى :(بىر- چاقىرىقنى اېشىتكۈچى آدم نىڭ جواب بېرىش - شكلىندا بولىدۇر) " هە مانا مېن خدايىم، سېنىڭ شېرىكىڭ يوق ، حقيقتدا - بۇنعمت ( حج نعمتى) نىڭ حمدى ( شكرى) ساڭا ، مخلوقاتنىڭ ايگەسى سېن دورسەن ، سېنىڭ بولسا شرىكىڭ يوق . هە مانا - مېن ، سېنىڭ ايككى - دنيادا بېرا دۇرغان سعادتىڭغە حاضرلانماقدا مەن ،، دېگەن بولىدۇر .

تېلېۋىزىيىندە اوقۇلۇپ تۇرغان - حج شعارىنى آڭلاپ تۇرگەنىمدا ، اۈچقۇچ لەردىن تۈشماقدا بولغان ، آپپاق احرامغە اورالغان هەرخىل ملتدەن مركب اېر- خاتون ، چوڭ- كىچىك مسلمانلەرنىڭ تىللەرىدا تلقين - قىلىنماقدا بولغان تلبيە ۋە تكبيرلەر هواميدانىنى لرزەگە كېلتۈرماقدا ايدى .

كۆزۈم تېلېۋىزىين آئينەسىندا بولسە هەم، خيالىم وطندە قالغان ، بيت الله شريفغە تشنە بولغان ، حجرالاسودغە كۆزلەرىنى سۈرماققا مشتاق بولغان - قىرىنداشلەرىمنىڭ حج يېغىنى دەن محروم، ياش آقىپ تۇرغان كۆزلەرى - بىلەن بيت الله- قبلە طرفگە تېرمۈلۈپ ، دعاغە قول آچىپ الله تعالىغە عرض- نياز قىلماقدا بولغانلەرى كۆز ۆمدەن اۈتەرا يدى .

اۇلەر ياشاپ تۇرگەن يېرلەردە مسلمانلەر بارمۇكىن؟ دېگەن تشويش كۆڭلىمدىن كېچتى . اۆز- اۆزىمگە: " البتە بار. ليكن حج يولىنى توسۇپ قويغانلەرى اۈچۈن علاج سىزلىكدەن كېلالماسلەر،، دېگەنىمدا ، يۇرتداگى حسابسىز مسجد ۋە مدرسەلەر كۆزىمدەن اۈتماقدا ... وەعالملەر، شاعرلەر، طالب العلملەرنىڭ ——— صورتلەرى كۆرۈنۈر ايكەن ، شاعرلەردەن بىرى نىڭ :

" طواف قصدىدا قويدىم - قدم بەبسم الله -

دېبان نفس بە نفس طلبىدا مېن گمراه،،

دېگەنی گوا ھلیکدەن اۆتماقدا ایدی ، خلقنیڭ سېۋىملیك شاعری "فرقت"
ملتزم دا تضرع قىلىب تۇرۇپ :

" قارایغان دلگە بېرگىل نور پاكىمگدەن ضیا یا رب!
كېتىپ زنگی گنە ، آئینە دەك تاپسۇن جلا یا رب "

دېگەن مطلع لیك منظومەسی نیڭ معنی لەری كۆزیاشمنی آقىتىپ ، تىلىۋ-
ىزىن آئینە سینی خىرەلاشتىرىپ قویغان ایدی .

تىلىۋىزىن كۆرسەتىپ تۇرگەن ، اسلام یۇرتلەرىنىڭ منظرەلەری ، ھەر
اقلیم نىڭ مسجد ، مدرسە ، منارەلەرینی كۆرسەتمەكدا ایكەن ، عصر لەر
دىن بۇیان فصل لەرنیڭ ایسسىق - ساۋۇغ لەرىگە چىداپ ، بۈگۈن غەچە
باشىنی كۆككە كۆتارىپ تۇرگەن بخارا ، خیۋە ، سمرقند ، كاشغرداكی منارە
لەر ھەم كۆرۈنمەكدا ...

كاشغرداكی اوقوغان مدرسەلەرىم ، صنفداش لەرىم ، استاذلەرىم -
كۆرسەتىپ - تانىشتۇرغان گزیت ، جورنال لەرنی برلیكدا اوقوپ ، معنالەر
نی مذاكرە قىلىشقان یولداشلەرىم تانلاغان موضوعلەر ، خصوصاً شعر غەخاص
صحیفەلەردا مطالعە قىلىغان ، شاعرلەر نىڭ اسمی ، شعرلەرنىڭ بر- ایككی
مصرع لەری یادىمگە كېلدی . او مۇنداغ یازىلگەن ایدی :

" دل كۆیەرەلىكمن - ابلی نىڭ - سېن اۆزۆڭ كۆڭلینی آچ ،
رحمتىڭ بىرلە ! صراط مستقیم غە اھدنا .
یاخشی اخلاق برلەپاك ۆجدان اڭا بولسون نصیب ،
بیلماسون "بار" ، دېیپ وطندىن اۆزگە ، دنیادا - آنا "

اسلام عقیدەسی یاقىقال كۆرۈنۈپ تۇرگەن بۇ- شعر ، كاشغرلیك احمدضیائی
نىڭ عقیدەسی بیلەن وطن پرۋرلىكنی كۆرسەتكەن ، یاقىملیك ، اۆچمەس ،
یېتمەس نمونە لەرىدەن یادىمدا قالغانی ایدی .

شاعرنیڭ اۆزی بیلەن برشەھردا یاشاغان بولسا قىمۇ ، كۆرۈشمەك شرفیگە ایگە
بولالماغانىمگە افسوسلانار ، ھەر- برمناسبتدە یېغىلغان یۇرتداشلەر بیلەن
اولتۇرغاندا ، اونیڭ حیاتدا بار- یوقلىقی دەن سۆزلەشەرایدىمك .
١٩٥٠- بیللەری قامالغان ، حتی اۆلدۈرۈلگەن" دېیپ خبر تارقالغاندا ،

يېڧلاماغان يۇرتداش قالماغان دۇر . شاعرنىڭ كۆرۈشمەگەن مخلص لەرىدەن بولغان عالىم : محمد امين اسلامي حضرتلەرى ، يۇرتداش ـ مسلمان شاعر نىڭ اثرلەرىنى تەرىپلەپ ساقلاپ قالماق اۈچۈن ، قاھرەدا طبع قىلىپ ـ تارقاتقان " تۈرزۈماس چېچەكلەر منظومەسى بىلەن " رابعەسەدىن ، صحنە كتابى مهاجر لەرىمىزاۈچۈن تسلى بولغان ايدى .

مېن ، سياحتغە چىققان وقتلەرىمدا ، اولۇغ شاعرنىڭ بار ـ يوق لىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرماق عادتىم بولغا تلىقىدىن بردفعە تۈركيەدا ، يۇرتدىن يەڭى چىققان يگىتدەن " اوتتۇزيىل قامالىپ چىقتى " دېگەن ـ خبرتاپدىم . سياحتدەن قايتقا نىمدا ، بو خوش خبرنى يۇرتداشلەرغە ساۋغە قىلدىم .

١٩٨٥ ـ يىلى ٨ ـ آيلەردا برادرلەرىمىڭ برى ـ تيلفون بىلەن : " احمد ضيائى بۇيىل حج گە كېلەرمىش " دېپ بشارت بېردى .

حج دىن برھفتە اۈتكەندا ، كامل عبدالله ـ تاشقىن بىلەن مكة المكرمە گە تۈشۈپ ، اۈرۈمچى ، كاشغر ، يارکند ، ختن دىن كېلگەن حاجىلەر بىلەن كۆرۈشتۈك . نماز پېشىن اوقوماق اۈچۈن مسجدغە كېتىپ تۇرگەنىمىزدا ، همراھلەرىمىزنىڭ برى : " مانا احمد ضيائى " دېپ ندا قىلدى .

يول اۈستىدە قۇچاغلاشىپ كۆرۈشتۈك . اسملەرىمىزنى آيتىپ تانۇشتۇرماق دا بولغان صالح جان قارىغە تشكرلەرىمىز بولسۇن .

×××××××××××××××

## زيارت صحبتى

" حج نىڭ صحبتى شېرىن بولادى " دېگەنلەرىدەك ، اولتۇرۇشقا رئيس لىك قىلماقدا بولغان ، مىڭ يىل ياشاغان آتالەرىمىز : يوسف خاص حاجب ۋە محمود الكاشغرى لەرنىڭ يازىپ قالدۇرغان اثرلەرى باشچى لىق قىلماق دا ايدى . تۈرك تيلى اساسىدا سۆزلەگەن آيماقلەرىمىزغە عصرلەر بويى ـ خذمت قىلسەلەرھەم چارچاماغان بابالەرنىڭ يازغانلەرى ، بۈگۈنكى اولاد لەرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ : " بىز ياساغان يولنى بوزماڭلەر ، تيلىمىزنى

يوقاتماڭلەر! ،، دېگەندەك روح بېرماقدا ئېدىلەر. حقيقتدا مجلس نىڭ –
ئاقىمى ھەم، آتالەر سۆزىگە اعتبار بېرگەن حالدا دوام ئېتمەكدا ئېدى.
كامل جاننىڭ سۆزى قەشقەرغە بارغانىدا - كۆرگەن - بىلگەن ادبى –
احوالدەن چىقارغان نتيجەلەرىنى يكونلاماقدا بولغانىمدەن توبەندەكى
خلاصەسىنى بيان قىلدى: " قەشقەرگە بارغانىمدا، احمدضيائى بىلەن –
كۆرۈشالماغان بولسام ھەم، باشقا ادىب - شاعرلەر بىلەن صحبتدا بولدىم.
كۆرگەنلەرىمدەن قىزىقارلىق مسئلە، ادبياتىمىزنى شەھەرلەر اسمى بىلەن
تقسيم قىلغان حالدا، قەشقەر ادبياتى، ياركند ادبياتى، خوتەن ادبياتى
دېگەن شكلدا پارچالانىپ كېتكەنى، اۆزلەرىنىڭ قوللىدا تۇرگەن " قوتاتغۇ –
بىلىك، ديوان اللغات الترك ،، لەردەن ھېچ بر فايدالانماغانلىقلەرىنى
كۆرسەتمەكدا ئېدى.

بۇ مسئلەنى سۆزلەدىم، تۈزۈك جواب آلالمادىم. اۆرۈمچىگە كېلگەنىمدا، آكادمىك ابراھيم مطيعىغە عرض ئېتدىم، ايجابى جواب بېرماگاندەن كېيىن: " ايمدى، كۆچەلەر بىلەن محلەلەرگە ادبياتدەن حصە ايرىپ بېرمشنى اونوتماڭلەر ،، دېپ آيرىلدىم.
آتالەرىمىز، بر لەشتىرگەن ادبياتنى – پارچالاپ، تۈزۈپ بېرگەن تىللەرىنى بۇزسەك، تاريخ بزلەرنى نىمە دېپ آتاماغىنى يادلاماغىمىز لازم ،، دېدى.

احمدضيائى – كامل جاننىڭ سۆزىگە قوشۇلغانىنى باش بىلەن اشارتلەپ تصديقلادى. علاوە قىلىپ: " مېن، علملىك برعائلەدا تۇغۇلۇپ آتامنىڭ قوللىدا اوقۇپ، عربى، فارسى تىل قواعدلەرىنى تۈگەتكەن مەن. عربچە ياكى كۆچە سۆزلەرىنى بىلماسام ھەم، فصيح تىلىنى بىلامەن. دېمەكچى بولامەنكى، ھەربر ملتدا فصيح ۋە عوام تىلى بار بولگەندەك، بۇلەرنىڭ خصوصيتلەرى آيرىمدۇر. علمى كتابلەر، تاريخلەر، بۈيۈك شاعرلەرنىڭ شعرلەرى فصيح تىلنى طلب قىلادى. كۆچە تىلى بولسا، آياغى يېرگە تېگموگەن - افسانەلەرنىڭ طلبى دۇر. ياكى افسانە، درجەگە تۈشكەن – مقالەلەرنىڭ استەگەنىدۇر. بۇنىڭغە علم ۋە معرفتغە معرفتسىز دېگەن نام بىلەن قاراب، معرفتنى تانلاغاندۇر.

بعضی یا شلەر بۇ فرقنی آیریما سدىن " کۆچە سۆزىنی "، معقوللاغانلەر. بۇ، فکرلەری معرفت کورسەتماغانی اۇچون، ادبیاتنی شهرلەرا سمگە آتاپ قویغانلەر. یۇرتدا، سزگە کۆرۇنگەن کەمچیلیکلەرىمز بار؟ سزنىنگ روحمگز، ملی غیرتىنگز هەرقایسی قلم تۇتکەنلەرگە مراجعت قىلدۇرغاندۇرکی، ادبیاتمزنی علمغە اویغون بولغان حالدا یۈکسەلماغنی، ابدی سا قلانماغنی کۆزدا تۇتقاندۇرسز. شۇنىنگ اۇچون حرکتىنگزنی توغری دیپ آلقشلایمەن: بۇ توغرولوق مەن، فکرىنگزنی اوروندلاماغە سۆز بیرەمەن، سزلەرهەم یاردمدا بولوشلەرىنگزنی سورایمەن "، دیدی.

سۆزنوبتی ماگا کیلگەنی اۇچون تۇبەندا کیچە سۆزگە کرىشدىم:

" ادبیاتنىنگ اساسی بولغان - تیل، خلق دىن آلىنغان بولوپ، بیلگىن لەرىمز عصرلەرچە ایمگەك سىڭدۇرغان. استاذلەرىمز یوسف حاجب، محمود کاشغری لەرخلق تىلىنی ادبی لاشتۇرماق اۇچون عمرلەرىنی صرف قىلغانلەر. اولەر تۇزۇپ بیرگەن قاعدەلەر خلقمزنىنگ ادبی قورالی بولوپ، علم - فن اۇچون نورغون خذمت لەرقىلىپ تۇرت عصر اۆتکەندا، اۆلکە - ولایتلەر داکی اهمیتسز قاراشلەر بیلەن بوزۇلوشقا باشلاغانىنی ادبیات تاریخ لەری کۆرسەتمەکدا دۇر. شۇنىنگ بیلەن ١٥ - عصرغە کیلگەندا ادبیاتمزىنىنگ کۆچی کیتىپ قالغاندۇر.

بۇیۇك متفکرمزـ نوائی رحمةالله علیه یاغانلەرىنی علمی قاعدە دەن اوزاقدا قالغانىنیك ایزلەرىنی تاپىپ، محیطی داگی ادیب، شاعرلەر - اۆزتیلىنی تاشلاپ، فارسی یازىپ تۇرگانىنی کۆرگەن. ملتىنىنگ کیلگوسی داکی ادبی مجالىنی تهلکە دا کۆرۇپ، تۇرك آیماقلەری - تیللەرىنی کۆزی بیلەن کۆرۇپ چىقماق اۇچون یولغە تۇشکەن.

تۆرك آیماقلەری یاشاماقدا بولغان منطقەلەرنی باشدىن - آیاقا کۆرۇپ چیقىپ، وقتىنچە " چیغاتای ادبیاتی "، نامی بیلەن شهرت لەنگەن ادبی قاعدەنی تۇزۇب، بۇ ادبیات هەم کۆنلەرىنىنگ برىدا بوزۇلماسلىکی اۇچون لازم بولغان مدافعە چارەلەرىنی کوروب، مستحکم اورونلاشتۇرغاندۇر.

بۆتوغرۇلۇق استاذنىڭ اۆزى - يازغان خمسه سىدا مۇندا غ دېگەن :
" ادبى سۆزلەرنى تىزىب ، شعرقىلدىم . اونى نازنىن صنم كورسەتمەك
اۆچۆن كىمخاپ ، ايپەك تونلەرگە آلماس - گوهرتۆگمەلەرا ورنا تىپ كىدۆردىم .
ساچلەرىنى تاراپ ، كۆزلەرىگە سۆرمە قويۇپ يۆرگۆزگەنىمدا ، نازبىلەن يۆ-
رۆپ ، هەممەگە كۆرۆندى . بۇوقتدا يۆزخمل جفاكارلەر چىقىپ ، كىيىم - كې-
چەكلەرىنى تالان - تاراج قىلدى - اۆزىنى هەم تاغاركىدۆرۆپ اسىرقىلدى .
يېغلاگودەك حاللەربولدى . عجائب شۆنداكى ، آتىنى شعرقويۇپ ، داڭقىنى
كۆككە كۆتارادىلەر . بۇبىلەن كۆڭلۆمگە جفا تيغىنى اورۇپ ، جانىمدەن -
تويدۆردىلەر . ادبياتنى جفاكارلەردەن قۇتقازماق اۆچۆن قلعە ياساماق -
لازم بولدى . قلعەنىڭ اساسىنى پولاتدەن ، ديوارلەرىنى تاشدەن ، اېگىز-
لىكىنى آسمانچه ، آستىنى دېڭزتۆبى گە يېتكۆزۆپ ، كمندبىلەن نقب دەن
ضرر يېتماسلىق چارەلەرىنى كۆرۆپ ، قلعە اۆستىدا كى قصرغە ادبيات پرى
زادلەرىنى اورۆنلاشتۆردىم . مبادا سوء قصدقىلغۇچى لەربولسا ، اولەرنى
يوقاتماق اۆچۆن نۆرغۇن اوق ، تاش توپلاپ قويدۆم . آچمقراق تۆشۆندۆر-
سەم ، تاشلەر ۆجدانىنىڭ احتياطى دەن عبارت بولوب اوقلر آه سحرگاه دەندۆر .
هەرقاچان بر بى ادب اۆنىڭغە يا قىنلاشقودەك بولسا ، اۆنىڭغە بۆ ، اوق
بىلەن تاشلەر قيينچىلىق تۆغدۆرادۆر ،، دېگەن .
اۆلۆغلەرىمىز ادبياتىمىز مستقبلىنى ساقلاش اۆچۆن بۆ - يول -
يوروقنى كۆرسەتېقىنە قالماسدىن ، تيلىمىزنىڭ اۆستونلىكى ، قوشنا -
ادبياتلەرغە احتياجى يوقلىقىنى اثبات لاماق اۆچۆن " محاكمة اللغتين ،،
دېگەن كتاب هەم يازىپ قالدۆرغاندۆر . اۆنىڭدا كۆرسەتىلگەن مصدر لەر
دەن هەرقانچە سۆز تۆزسەك يا رايدېغا نلىقى هەممەمىزگە معلومدۆر .
آتالەرىمىز مۇنداغ چالىشقاندا ، بىزلەرنىڭ شهر - شهرگە بۆلۆنىشىمىز -
زور كەمچىلىكىمىزدۆر . بۆنى اۆزحالىندا يۆكسەلتوروش بىلەن وظيفەمزنى
اورونلاماغىمىز ، ابچا نلىقىقا بغوت قىلىنشى طبيعى دۆر ،، دېگەنىمدەن -
كيين ، صالح جان قارىم سۆز آلىپ ، " بىزنىڭ حاضرقى ادبياتىمىزبىلەن -

٥٠ يىل بورونقى ادبياتىمىز آراسندا زور فرق بار. مثلا: بر آدم ٥٠ يىل بورون يورتدن چىققان بولسا، بوكون يورتغه بارىپ يېڭى دىن اوقوماگونچه ادبياتىمىز بيلەن تانوشالماس. بونىڭ سببى، ياشلەرنىڭ كهنه ادبياتقا توشونمەگەنى دىن، كهنه ادبياتدا كى حركاتلەر (زېر، زېر، فيش، سكون) آرقالىق معنى چىقارماقنى آغىر كورگەنلىكلەرى بولسا، عرب حرفىدا كى ٩ حرف بزنىڭ تىلىمىزدا اورون توتماغانىدىن حتى كى - بو حرفلەرنى ( ا - ث - ح - ذ - ص - ض - ط - ظ - ع ) عربلەردەك اوز مخرج لەرىدەن چىقارالماغانلىقلەرى عذر بولغاندور.

بو مرحلەلەرگە آغىزدىن چىققاننى يازىش فكرىنى توغدوردى. بو فكر، ياشلەرىمىز طرفندەن ياقلاندى، معارف نشرياتلەر قوللانغاندىن كيين عوموملاشتى. بو مسئلە نىڭ دنياۋى اورنى، تاريخى - ادبي قيمتى غە اهميت بېرىلماسدىن، دنياۋى بولماغاندا هم، محلى قورزلتاى آچىپ هەرخل فكرلەرنى تحليل قىلىپ چىقىلماغانلىقدىن ميداندە كېلگەندور. تاشقارىدا كى يورتداشلەرىمىز بو حقدا علم كوزى بيلەن قاراپ، ادبياتىمىز نىڭ تاريخى اورنىنى ساقلاپ قالماقدەك اولوغ وظيفە نى اوز اوتماغانلەر، علمى مضمونغە اېگە بولغان هەرقانداق فكرلەرنى قبول قىلامىز، يورت هم قبول قىلىشقا طرفدار دور،، دېدى.

احمد ضيانى مسئلەنى مثاللەر بيلەن تحليل قىلماق اوچون، سوز- باشلاپ: " توغرو، بزنىڭ تيلىمىزدا، صالح قارىم ساناغان ٩ حرف دىن ٨ دانەسىغە مطلق اورون يوق. براق، تيلىمىزغە قاتناشىپ تورغان عربچە، فارسچە سوزلەرنىڭ معنىسىنى اوزجالىندا يازماسدىن چىقارماق ممكن اېمەس. بو حالدا، باياقى حكممىزنى ياندوروپ آلماق مجبوريتندا قالغان بولامىز. مثال اوچون " خلق ،، دېگەن سوزنى قوللانماققا احتياجمىز بار، " حكومت ،، هم شونداق. بولەرنى بز " خەلىق، هوكومەت ،، يازىپ كورسەتكەندا، بركىشى طرفندەن: " يازغانلەرىڭزغە علمىمىز كنايە قىلمادى، بولەرنىڭ لغتدە املا بويىچە توتقان اورونلەرىنى اوقتورساڭز،، دېگەن طلبغە جواب بېرمەك، بزنىڭ قاعدەدىن چىققانلىقىمىزنى

اعتراف ايتمەك دېمەكدۇر. بۇمغلۇبيتنى يوقاتماق اۇچۇن، ياڭلمشقان جايلەرىمىزغە اۆزىمىز چالىشىپ تۆزەتماغىمىز لازمدۇر.

مەدانىكى عرب، ايران سۆزلەرىگە حاجتىمىز بار ايكەن، اۇلەرقوللانىنان حرفلەرنى — اۇلەرنىڭ سۆزلەرى اۇچۇن — قوللانماغىمىز، ادبياتىمىزگە " تدخل "، اعتبار قىلىنماس. چۇنكى، بزلەر كېلگۇسىدا بۇ سۆزلەردەن استغنا قىلماق اۇچۇن هيچ بر قيد — شرطغە باغلانغان ايمەسدۇرمز. اگر، امكانيتىمىز باربولسا باشقالەر سۆزىنى بۇكۇندەن باشلاب قوللانماسلىققا حقىمىز بار.

بۇحالدا، حركاتلەربيلەن ٨ حرفنى " قيين "، ديبالماسمىز. انسانلەر، علم اۇچۇن غربدەن شرققە بارماقنى " قيين "، دېماسلەر. چۇنكى ايل — يۇرتى اۇچۇن علم آختارىپ بارىپ، يات تيللەرنى اۆرگەنىشكە مجبوربولادۇر. بز بولسا جايىمىزدەن قوزغالماسدەن تۇرۇپ، " قيين "، دېپ بهانە تاپساق، بۇنىڭ معنىسى هورۇنلۇق بولۇر.

شۇنىڭ اۇچۇن يارامىلىق بر يول تاپىپ، خلقىمىزنى يۇكسەلتۇرۇش — ايشىنى كۆزدەماغىمىز ضروردۇر. البتە بۇ حقدا، يۇرتىنىڭ تاشىدا بولغان علم سېۋەر قرىنداشلەرىمىز ياردمدا بولۇشلەرى مطلوبىمىزدۇر"، دېدى.

احمد ضيائى نىڭ سۆزلەرىنى اورۇنلۇق دېب تصديقلاغان — كامل جان، دوام قىلىپ: " مېن يۇرتدا كۆرگەنىمگە قاراغاندا، نشرياتلەر، مطبوعات ايشلەرىنى چاپسانلاتىنان بولسا هەم، طبع قىلىنا دۇرغان ماددەلەرنى علمي نظردەن كېچۇرماسلىقلەرى، قىلىنغان حركتنى بوشقا چقارغاندۇر. نشرياتدا مهم وظيفە تۇتقان يۇرتداشلەربيلەن بۇ مسئلەنى مذاكرە قىلغانىمدا، اۇلەرنىڭ بېرگەن جوابلەرى علمي بولماسدەن — مهمل بولغانى، مېنى قناعتلاندۇرمادى. برغىنە: " كۆچە تيلى جانلىق تيل "، دېگەن تۆپسىز فلسفەنى دالدا قىلدىلەر.

بزلەر — بۇيېردا، اۇيغۇرادبياتىنى گۆزللەپ — ياشناماغى اۇچۇن مذاكرە لاشماقدامىز. فكرىمچە: اۇيغۇرچە سۆزلەرنى تيل قاعدەسيگە اۇيغۇن، علمي اساسدا كۆرۇپ چىقماق بيلەن تۆزۈپ چىقىلماغى ضروردۇر.

مثلاً : تیلىمىزنىڭ اساسی، خلقدەن آلىنماغى علم نىڭ اساسی دۇر. براق ،
خلقدەن برغىنە سۆز آلغان بولساق ، اونىڭدىن برقانچە سۆز تۆزماق لازمدور.
خلقدەن آلغان سۆزىمىزنىڭ بعضی لەری قلم غە برابر كېلماس ،بۇ ایشلەر
نى كۆچە آدم لەری تۆزەتمەكدىن عاجزدۇر. یەنە ، بۇ ایشلەر علمىلىكلەرگە
خاص بولوب قالماغى طبیعى دۇر.

علم كىشىلەری ، خىتنىڭ سۆزىنى قبول قىلغاندەن كیین ، اۆزەك
تاپىلدى دېسەك ، بۇنى قىلمىنە یازدۇرۇپ مصدر تۆزگەن بولدۇق ، بۇ مصدر
دەن بۇیرۇق آلماغىمىز لازم "دېدى" اېمدی ـ بز ، مصدربىلەن بۇیرۇقنى یۆلەنىپ
یەڭى ـ یەڭى سۆزلەرنى یاساماقتا ، تیلىمىزنى باییتماقتا علم قوراللى
بیلەن قوراللانغان بولدۇق . یاساغان سۆزىمىز، اۆزەكنى كۆرساتالماغان
حالدا ، علمی قوزغولتالىلەر آرقانىق مذاكرەلاشىپ قرارچىقارماغىمىز علم
نىڭ حرمتی دىن بولۇر.

شىنجاڭ نشریاتی ، بۇ نقطەلەرغە دقت قىلماغانی اوچۇن ، مطبوعات
لەری " بوپ ، كەپ ، شوڭلىقا ، ئىنتایىن ، مەھلیا ... ،، غە اوخشاش علم
غە اویماغان حرفلەرنی تىزىپ ، نامىنى " كتاب ، جورنال ، ادبیات ،،
قویۇپ چىقارغانى ، اویغورخلقی نىڭ تاریخى علمىگە اھانت غىنە بولۇپ ـ
قالماسدىن اۆتمۆشداكى استاذلەرىمىز، آتا ، بابالەرىمىزغەمۇ ابرگدش ـ
مەگەن،ناقابل اولاد دېگەن عنوانىنى قبول قىلغانىمىزبولۇر،،دېدى ـ

بىزلەر، كاملجان نىڭ سۆزىنى معقوللاب ، بحث قىلماقنى آلغا
سۆروش بیلەن ، سۆزنى مېنىڭگە بېرىشتىلەر.

دنیاداكى ھەممە ملت نىڭ تیل قاعدەسى ؛ اسم ،فعل ،امر، اشتقاق
دېگەن مركزلەر اساسىدا قورۇلغاندۇر ـ دېپ سۆزىمنى باشلادىم .
بر یۇرتدا ، بر ملت یاشاپ تۇرغان حالدا شھرلەر، ولایتلەر نىڭ سۆزى شیوە
لەر اعتباری بیلەن ، بر ملت ایكى مەسدەك كۆرسىتماغى ممكندۇر. مثال اوچۇن
چینلیكلەر برملت بولۇپ ـ تۇرۇپ رایونلەر ، ولایتلەردەكى شیوە فرقی
ترجمانغە حاجت تۇشۇرادۇر. لېكىن ،ادبیات بیلەن ، چین دېگەن بۈیۈك
اراضی گە ایگەلىكلەری قبول قىلمىنادۇر.

بۆکۈنىا ، عربلەردەن ۱۹ مستقل حکومت بار ،بۆلەرنىڭ مستقللىكى -
دنیا بویىنچە تانىلغانىدۇر. براق ، ملت نىڭ عربلىكى ساقلانغاندۇر.
بۆنىڭ عاملی ، انسانىڭ ملی بۆتونلىكىنى مستقل لىقىنە ایمەس ،
ادبیات بیلەن کمالات تاپقانىنى کۆرسەتمەکدادۇر. چونکی ۱۹ حکومت بولوپ
کۆرۆنگەن عربلەرنی برلەشتۆروپ - تۆرگەن ، ادبیا تلەرىنىڭ بربولغانى نی
دۇر. بۆنىڭدىن خلاصە چقارغودەك بولساق ، تیل نىڭ تمرىك تۆرماغی ،
ملت نىڭ تمرىك تۆرماغی دىمەکدۆر. بۆنداغ بولغاندا ، تیل ۋە ادبیا -
تغە قارامان ، ملت نىڭ کهنە تأریخی غە قاراپ ، او ملت نی ابدی -
یاشاتماق دیگەن نتیجە چقارغان بولامىز.

تیل علمی بیلەن شهرت قازانغان علامە لەرنىڭ سۆزىگە قاراغاندا ،
" تیلنىڭ اساسی خلق دۇر. خلقنیڭ مثالی اورمانىنىڭ درختلەری غە
اوخشايدۇر. بۆ درختلەر انسانغە خذمت قىلماقنی استەر ، لېکىن - بۆنی
اۆستالەر ایشلەپ ، انسانىنىڭ طلبی غە موافقلاشتۆرماسا ، اوتۆندىن باشقا
غە یاراماس - شۆنىڭغە اوخشاش ، خلق دىن آلغان سۆزنی معلم لەر ایشلەپ
برقانچە ایشقا یارا ملىق قىلماسا بولماس ،، بز بۆمثالنی " کۆچە تیلی
جانلق تیل ،، نظریەسیگە تارتۆق قىلساق ، اورونسىز بولماس.

" خلق سوزی ،، دیگەنىمىز ، دانشمند - آتالەرىمىزنىڭ سۆزلەریدۇر.
اۆلەرنىڭ " بولماغانغە بولۆشما ،،دیگەنی ،لفظی ، تحریری شکلىنی تۆزەتىش
غە حاجت توشمەگەن بولسا ، کۆچە سۆزی بیلەن بۆزۆپ ، تۆزەتىشکە محتاج
قىلىپ قویغانلەر. مثالی : اۆزبەك کۆچەسۆزیدا " بومەگەنگەبولۆشمە ،،
دیگەن بولسا ، اویغور کۆچە سۆزیدا " بوممىغانغا بولۆشما ،، شکلىدا سۆز
لەگەنلەر. کۆچە سۆزلری آتالەر تۆزگەن سۆزگە بویون سۆنماغان حالدا -
(بزنىڭ) علمنی کۆچە سۆزىنىڭ آیاغىغە تاشلاپ بېرگەنىمىز ، ناداَنلىق
آتالماسمو؟ یوقارقی آتالەرسۆزىنىڭ بۆزلغان شکلدەن یانا بر علمی
سوال تۆغۆلادی. اۆبولسا ، سۆزنىڭ برنجی قسمىدا ،بر( ل ) حرفىنی آلىپ
تاشلاغانلەرىدا ، ایککنجی یارىمىداکی ( ل ) اۆزاورنىدا قالغان.
برنجی(ل) نی آلىپ تاشلاغان کۆچ ، ایککنچىنی آلىپ تاشلاماقتا نیمە -
سبب دىن کۆچی یېتمەدی بۆنی تحقیق قىلغاندا ،کۆچە تیلی جواب بېرال

کوچه تیلی جواب بېرالماس، یەنە تیل عالملەری قناعتلاندوروپ جواب
بېرالملەرە، دیگەنمەدەن کیین، صحبتغە عائد بعضی مذاکرەلەر -
اوتوپ، توبەنداکی قرار قبول قیلىندی :

الحمدلله رب العالمین الصلات والسلام علی رسولنا الکریم وآلە و
اصحابە اجمعین .

اللەتعالی نىڭ عنایتی بیلەن ۱۹۸۵- یىلی اوتکەن ۱۴۰۵- نوبت
لیك عمومی حج غە عزیز یورتىمىز- کاشغر حاجیلەری آراسىدا یورتنىڭ-
آتاقلیق شاعری وە شهرتلیك ادیبی احمد ضیائی حضرتلەری بیلەن صحبتی
مىزغە اشتراك قىلغان صالح جان قارىملەر بار .
بلدالله الحرام استقامتىندا - مقیم کامل عبدالله ( تاشقین ) وە یعقوب
خوجەلەر بولوب، تیل وە ادبیاتىمىزنىڭ یوکسەلیپ، دائمی حالدا اوز
شان - شوکتىنی علمی توسدا کورسەتیپ تورماغی اوچون، تجربەلەر کورسەت-
کەن-کەمچىلىکلەرنی کوزدا توتقان حالدا توبەنداکی قرارنی قىلدوق .

۱ - اویغور تاریخی نىڭ عصرلەربویی باشدین اوتکوزگەن درسلەری،
اسلامنی قبول قىلغاندەن کینکی ادبی یوکسەلیشینی کوزدا توتوپ،
خلقىمىزنىڭ ادبی میراثلەرىنی ساقلاش بیلەن، حاضر وە کېلگوسی
داکی اولادغە فائدەلیق بولماغی کوزدا توتولدی .

۲ - بوکون یورتىمىزدا قوللانیپ تورغان الفبا مىزغە عرب حرفلەری اسا-
سىندا بولغان بولسا هەم، عرب تیلیدا ایشلەشی مقرر بولغان ۸ حرفنی
اویغور حرفی قاتارىغە قوشماساقمىز، تیلىمىزدا ایشلەب تورگەن -
عربچە سوزلەرنی توغری یازماق اوچون، سوزنىڭ عربچە بولماغی شرطی
بیلەن ایشلەتمەککە احتیاجىمىز بولغانی اوچون قبول قىلدوق .

۳ - اوز تیلىمىز وە ادبی قاعدەمىزنی توغری یولغە سالماق اوچون،
سوزنىڭ اوزەکىدین چیقارلغان سوزلەرنی یاسار، بزقاعدەگە اوی-
غون بولماغان سوزلەرنی ادبیاتىمىزدەن تاشقارىدا ایشلەتمەسلىكدە
امکان بارلیغىنی معقوللادوق .

٤ - تجربه اثناسندا كۆرۈلگەن كەمچىلىكلەرنى تۈزەتىپ تۇرماق اۈچۈن اديب لەرىمىزنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرما قلەرى كېرەكلىك تاپىلدى .

علاۋە :

سفرىمىز ياقىن بولىنانى اۈچۈن ، صحبتى مىز مضمونىنى تاشقى مملكة گزيت لەرىدا اعلان قىلىنماغىنغە طرفىمىزدىن مانع ليك يوقلىقىنى كامل جان بيلەن يعقوب خوجە لەرغە بيلىندۈردۈك .

اعتذار :
======

مقالەنى اۈزوقتىدا يازالمانىمىز اۈچۈن ، تأخيرگە قالىنانىنە عذرىمىزنى سۇنامىز .

كامل عبدالله ( تاشقىن )　　　　يعقوب خوجە

١٥/٦/ ١٤٠٦- ھ

٢٦/٩/١٩٨٥- م